"碧理盖（神童）"儿童学习系列图书

bì lǐ gài (shén tóng) ér tóng xué xí xì liè tú shū

«بىلگەك» بالىلار قوش تىل ئۆگىنىش
يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

MUALLIM

# ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى

# 维吾尔语识字

2



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تىل راۋان
Til Rawan

# ئا



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئات = ئا + ت

ئارا = ئا + ر + ا

ئالما = ئا + ل + م + ا

ئاپئاق = ئا + پ + ئا + ق

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئاسمان = ئاس + مان

دادا = دا + دا

ئاۋاز = ئا + ۋاز

ئۇنئالغۇ = ئۇن + ئال + غۇ

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئا < ق / چ

ئا < ت / ش

ئا < را / كا

ئا < سان / ياق

تىل راۋان
Til Rawan

ئاق ئاتتىن ئاق ھاك ئاقمۇ؟
ئاق ھاكتىن ئاق ئات ئاقمۇ؟

قوشاق

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك،
مېنى باقىدۇ،
تولۇن ئايدەك.

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك.
مېنى باقىدۇ،
قىزىل گۈلدەك.



ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس.



ئاتا- ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئە

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئەتە = ئە + تـ + ـە

ئەمگەك = ئە + مـ + گـ + ـە + ك

دەپتەر = د + ە + پـ + تـ + ـە + ر

مەشئەل = مـ + ـە + شـ + ـئە + ل

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئەينەك = ئەيـ + نەك

دەرەخ = دە + رەخ

ئەدەپ = ئە + دەپ

سەنئەت = سەن + ـئەت

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئە ‹ ت / ر

ئە ‹ ل / گ

ئە ‹ زا / مەس

ئە ‹ گەر / زان

تىل راۋان
Til Rawan

كېچە-كۈندۈز تىنمايدۇ، ئۆمۈر بويى سانىسا،
توختىماستىن سانايدۇ. ئون ئىككىدىن ئاشمايدۇ.

( سائەت )

هەسەن-ھۈسەن كەپتۇ،
قوينى سويۇپ يەپتۇ.
قويىنىڭ يېغى چىقسا،
قۇيماق ئېتىپ يەپتۇ.

ئاق توغاچ، كۆك توغاچ،
بىرنى تاللاپ ئۈزۈپ قاچ.



ئەلگە قىلمىغان خىزمەت، ئەلدىن كۆرمىگەي ئىززەت.



ئەخلەت، يۈندىنى يولغا تۆكسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# ن



## هەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

نان = ن + ا + ن

تىيىن = ت + ى + ي + ى + ن

كېپىنەك = ك + ې + پ + ى + ن + ە + ك

ئويۇن = ئو + ي + ۇ + ن

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ناۋاي = نا + ۋاي

لاچىن = لا + چىن

ماشىنا = ما + شى + نا

قوغۇن = قو + غۇن

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئو / ئۇ ‹ ن

سا / تە ‹ ن

نەش — پۇت    يىلڭ — نە

نا — رىن    بۇ — رۇن

تىل راۋان
Til Rawan

ئېغىزى كۆپ دوستۇمنىڭ،
قورسىقى بوش قومۇش تەن،
يەل ماڭدۇرسا ئىچىگە،
ناخشا ئېيتار زەپ بەلەن.
( [illegible] )

قوشاق

ئوينىمايمەن- چوينىمايمەن،
ئىشتان- پايپاق كىيمەيمەن،
ئاتام كەمپۇت بەرمىسە،
ئۇنى ئاتام دېمەيمەن.

بۈگۈن شۇنچىلىك ئويناپمەن،
ساڭمۇ يول قويماپمەن،
بوش ۋاقتتا سەن بىلەن،
ھەر نېمە ياساپ ئويناپمەن.




ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىتى يە، كېچە- كۈندۈز غېمىنى يە.



نانغا دەسسسە يامان بولدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# ت



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

تاغ = تـ + ا + غ

دوختۇر = د + و + خـ + تـ + ۇ + ر

ئەت = ئـ + ـت

ئادەت = ئا + د + ە + ت



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

تۆگە = تۆ + گە

گېزىت = گې + زىت

مەكتەپ = مەك + تەپ

سائەت = سا + ئەت

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئە / سا > ت

يا / ئو > ت

تا — را

تە — تىل

ئات — لىق

تۆ — مۈر

تىل راۋان
Til Rawan


تىرىك ئۆلۈك تۇغدۇ،
ئۆلۈك تىرىك تۇغدۇ. ( تۇخۇم )

قوشاق

تۆگە ـ تۆگە، بۇت ـ بۇت،
سامان يەمسەن، ئوت ـ ئوت؟
دۈمبىلىرىڭ دوك ـ دوك،
مېڭىشلىرىڭ لوك ـ لوك.




تويغا بارساڭ تويۇپ بار، تاۋار ـ تورقا كىيىپ بار.



تويغاندىن ئارتۇق تاماق يېسە زىيان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# ب



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

باغ = ب + ا + غ

قەلب = ق + ە + ل + ب

بۇلبۇل = ب + ۇ + ل + ب + ۇ + ل

ئەدەپ = ئە + د + ە + پ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

بۇلبۇل = بۇل + بۇل

ئەدىب = ئە + دىب

پۇتبول = پۇت + بول

كىتاب = كى + تاب

## سۆز تۈزەلەيمەن

به > ل، ت

به > ش، ك

باغ — چە

با — تۇر

بى — كار

بەل — باغ



تىل راۋان
Til Rawan


باشقا ئات قاشقا ئاتقا يەتمەيدۇ،
قاشقا ئات باشقا ئاتقا يەتمەيدۇ.

قوشاق

يىرتقۇچلۇقنى قويماستىن،
قوي - قوزا يەپ تويماستىن.
ئۆزىنى ساناپ تۆرە،
يۈرەر ئىكەن بۆرە.



بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر.



چېقىمچىلىق قىلسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# پ

### ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

پار = پ + ا + ر      لامپا = ل + ا + م + پ + ا

سىنىپ = س + ى + ن + ى + پ      توپ = ت + و + پ

### بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

پەلتو = پەل + تو      سوپۇن = سو + پۇن

كېپىنەك = كې + پى + نەك      مەكتەپ = مەك + تەپ

### سۆز تۈزەلەيمەن

پا < ر / ي      پە < س / ش

پا — شا      پە — لەك

تو — پا      پو — يىز

تىل راۋان
Til Rawan

چۆپ كۆپ يەر كۆپكۆك،
كۆپكۆك يەردە چۆپ كۆپ.

قوشاق

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.
پاتقاق كەچتىم ئۆتۈكۈم،
ماكچىيىپ كەتتى.
ئانام كۆرۈپ شۇ ھامان،
ۋارقىراپ كەتتى.



بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما، بىلمىگەننى بىلمەن دەپ كايىما.



تاماق يېگەندە گەپ قىلسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئې

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئېتىز = ئې‍ + ‍ت‍ + ‍ى‍ + ‍ز

تېرىق = ت‍ + ‍ې‍ + ‍ر + ‍ى‍ + ‍ق

دېڭىز = د + ې‍ + ‍ڭ‍ + ‍ى‍ + ‍ز

تېخى = ت‍ + ‍ې‍ + ‍خ‍ + ‍ى

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئېيىق = ئې + يىق

چېچەن = چې + چەن

خۇاڭخې = خۇاڭ + خې

قوشئېرىق = قوش + ‍ئې + ‍رىق

## سۆز تۈزەلەيمەن

بې —— لىق    تې —— رەك    ئې — غىل    كې — مە

قې —— يىق    گې —— زىت    سې — رىق    سې — ۋەت

تىل راۋان
Til Rawan

ئاق كېمە، ئاپئاق كېمە،
سۇدا ئۈزەر بۇ كېمە.

سېرىق تۇمشۇق، كەڭ تاپان،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نېمە؟
( ئۆردەك )

قوشاق

رەڭگى قوڭۇر سېرىق،
نېمە دېمە ـ ئۇ ئېيىق.
ھەسەلگە شۇنداق ئامراق،
پۇتى ئۇنىڭ ئىچ مايماق.



بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ، بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ.



باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئى

### ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئىلمەك = ئىـ + ـلـ + ـمـ + ـە + ك　　　بىلىم = بـ + ـىـ + ـلـ + ـىـ + ـم

شېئىر = شـ + ـېـ + ـئىـ + ـر　　　ئىشچى = ئىـ + ـشـ + ـچـ + ـى

### بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئىشىك = ئىـ + ـشىك　　　گىلاس = گىـ + ـلاس　　　ھىندى = ھىنـ + ـدى

تارىم = تا + رىم　　　سۈنئىي = سۈنـ + ـئىي

### سۆز تۈزەلەيمەن

ئى < ش / س　　　ئى < ت / ز

ئىش — چان　　　يې — ڭى

تىك — كۈچى　　　ئىك — كى

تىل راۋان
Til Rawan

يىپ ئەشسە بەش كىشى،
يىڭنىكلىمەسمىش ئىشى.

قوشاق

تاققۇ- تۇققا باغىمىزدا،
ئويناۋاتقان چاغىمىزدا.
ئۆتۈپ كەتتى مەپىكەش،
چۈشۈپ قالدى بىر پاي كەش.

خاننىڭ كەشى ئالتۇن كەش،
كىيىۋېلىپ ئويناي مەش.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.



ئاش- ناننى ئىسراپ قىلسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ي

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

يوق = يـ + و + ق

كىيىم = ك + ـىـ + ـيـ + ـىـ + م

قەتئىي = ق + ـە + ت + ئـ + ي

قوي = ق + و + ي

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

يىلان = يى + لان

تاشيول = تاش + يول

جىددىي = جىد + دىي

كۆڭگەي = كۆڭ + گەي

## سۆز تۈزەلەيمەن

يە < ل / م

يە < ر / ش

يې — شىل    تى — يىن

ئو — يۇن    چاي — دان

تىل راۋان
Til Rawan

ماڭسىمۇ ياتىدۇ،
ياتسىمۇ ياتىدۇ.
ئولتۇرسىمۇ ياتىدۇ،
ئۇخلىسىمۇ ياتىدۇ.
( يىلان )

قوشاق

ياخشى ئىشلەپ تىرىساق،
بۇغداي - قوناق ئوخشايدۇ.
ئەمگەك سۆيمەس ھورۇننى،
ئەل سېپىگە قوشمايدۇ.

ئەمگەك سۆيگەن ئادەمنىڭ،
مەنىسى بار سۆزىدە.
تۇرمۇشدا توقچىلىق،
نۇر چاقنايدۇ يۈزىدە.



ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات قالىدۇ.



يالغان سۆزلىسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ق

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

قەلەم = ق + ە + ل + ە + م　　چاشقان = چ + ا + ش + ق + ا + ن

بىلىق = ب + ى + ل + ى + ق　　قايماق = ق + ا + ي + م + ا + ق



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

قۇدۇق = قۇ + دۇق　　توققۇز = توق + قۇز

قېتىق = قې + تىق　　قارانچۇق = قا + ران + چۇق

## سۆز تۈزەلەيمەن

قا < ش / ن　　قا < ق / ر　　قو — ناق　　قە — غەز

قا — پاق　　قاي — چا

تىل راۋان
Til Rawan

بىرى تۇرار بۇ چەتتە ، ئاۋاز چىقسا قەيەردە،
بىرى تۇرار ئۇ چەتتە . ئاڭلاپ تۇرار دىققەتتە.

( [illegible] )

قوشاق

تاقىقا- تۇقىقا، زەنجىر ھالقا،
چاققان كېلىڭ بىزنىڭ باغقا.
باغ سىنىڭ، تاغ مىنىڭ،
تۇرۇپ تۇراي، چىق بۇياققا.



ئەقىل تۇزىماس، بىلىم خورىماس.



قولنى يۇماستىن تاماق يېسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# غ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

غۇنچە = غ + ۇ + ن + چ + ە    چامغۇر = چ + ا + م + غ + ۇ + ر

قىغ = ق + ى + غ    ئۇلۇغ = ئۇ + ل + ۇ + غ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

غىجەك = غى + جەك    يامغۇر = يام + غۇر

قارلىغاچ = قار + لى + غاچ    بەلباغ = بەل + باغ

## سۆز تۈزەلەيمەن

تى / چى — غ

قى / با — غ

غۇ — لاچ    سو — غۇق

مى — غىز    غەي — رەت

تىل راۋان
Til Rawan

كۆپ قارا قاغا كۆك قاغا بىلەن ئوينايدۇ،
كۆك قاغا كۆپ قارا قاغا بىلەن ئوينايدۇ.

قوشاق

مېنىڭ تۆگەم ئويناقلايدۇ،
سېنىڭ تۆگەڭ چىچاڭلايدۇ،
مېنىڭ قوزام مەرىمەيدۇ،
سېنىڭ قوزاڭ سەمرىمەيدۇ.
مېنىڭ دادام كەل دېمەيدۇ،
تۇۋلاپ باقسام ھە دېمەيدۇ.



سورىغان بىلىم ئالار، ئويالغان كېيىن قالار.



غەيۋەت قىلسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# د

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

دوست = د + و + س + ت

دادا = د + ا + د + ا

ئوبدان = ئو + بـ + د + ا + ن

ئىلدام = ئـ + لـ + د + ا + م

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

دۈشەنبە = دۈ + شەنـ + بە

چايدان = چايـ + دان

پىيادە = پىـ + يا + دە

قەلەمدان = قە + لەمـ + دان

## سۆز تۈزەلەيمەن

د < ان / اپ

د < اس / اغ

دۇن — يا

دوپ — پا

دۇ — تار

دو — را

تىل راۋان
Til Rawan

ئۇزۇن قۇلاق، قىزىل كۆز، كەينى ئېگىز، ئالدى پەس،
يېرىق كالپۇك ئۆزى شاش، كىيگەن يۇمشاق ئۇستىباش.

( [illegible] )

قوشاق

ئاداش-ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
ئۇلۇغ سۇنىڭ بويىدا،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

ئاداش-ئاداش بولايلى،
نېمە تاپساق تەڭ يەيلى.
ئورتاق بولۇپ ھەر ئىشتا،
گەپ - سۆز بولسا تەڭ دەيلى.



دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).



باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئو

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئوت = ئو + ت

تـوپ = تـ + ـو + پ

دوپپا = د + و + پـ + ـپـ + ـا

رادىيو = ر + ا + د + د + ـيـ + ـو

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئوتا = ئو + تا

توپان = تو + پان

دوستلۇق = دوستـ + ـلۇق

پىيونېر = پـ + ـيو + نېر

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئو < ت / ن

ئو < ق / ك

ئو < را / كۇل

ئو < تا / ماق



تىل راۋان
Til Rawan

ئون بەش كېچە كۆرسەتمەس يورۇق يۈزىنى ،
ئون بەش كېچە كۆرسەتمەس سىزگە ئۆزىنى .
( ئاي )

قوشاق

ئوتتۇز ئۈچ ئۆچكە،
ئوتلاقتا ئوتلاپتۇ.
ئوتلاقتىن كەلگۈچە،
ئوتتۇزى يوقاپتۇ.

توققۇزىنى بۆرە يەپتۇ،
ئون توققۇزىنى تۆرە يەپتۇ.
قويچى توساپ بۆرە بايىنى ،
ئوتتۇز ئۆچكە تۆلە دەپتۇ.



ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.



ئوت ئوينىسا، يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئۇ

### ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئۇيغۇر = ئۇ + ي + غ + ۇ + ر

دۇمباق = د + ۇ + م + ب + ا + ق

يۇلتۇز = ي + ۇ + ل + ت + ۇ + ز

ئاق ئۇن = ئا + ق + ئۇ + ن

### بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئۇزۇن = ئۇ + زۇن

ئاچقۇچ = ئاچ + قۇچ

نورۇز = نو + رۇز

تۇرۇپ = تۇ + رۇپ

### سۆز تۈزەلەيمەن

ئۇ < ن / ر

ئۇ < ق / چ

ئۇ < يات / لۇغ

ئۇ < ۋا / دۇل

تىل راۋان
Til Rawan

بارمۇ- يوقمۇ ئېنىق كۆرمەيسەن،
ئۇ يوق يەردە ئۆمۈر سۈرمەيسەن. (ھاۋا)

زەيتۇنەمنىڭ بېغىدا،
بىر تۈپ ئالۇچا.
ئالۇچىنىڭ ئۇچىدا،
بىر جۈپ تۇمۇچا.

تۇمۇچىنىڭ پۇتلىرى،
بوغۇم- بوغۇمچا.
ئالۇچىنى لىڭشىتسام،
قاياققا ئۇچا.





ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئەخلەت تاشلىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




# س

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

سامسا = سـ + ا + مـ + سـ + ا

ناسوس = نـ + ا + سـ + و + س

رېلىس = ر + ېـ + ـلـ + ـىـ + س

قىسقۇچ = قـ + ـىـ + ـسـ + ـقـ + ـۇ + چ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ساپا = سا + پا

سامساق = سام + ساق

بوستان = بوس +تان

ئاساس = ئا + ساس

## سۆز تۈزەلەيمەن

سا < مان / دا

سا < پان / لام

سە < پەر / دەپ

سە < ھەر / بىي

تىل راۋان
Til Rawan

مەن ئىچكەن سۇ ئاشۇ سۇ شۇ.

قوشاق

- سا، سا، ئۆيۈڭ نەدە؟
- ئالا تاغدا.
- بالاڭ نەدە؟
- ئەسكى تامدا.
- نېمە يەيسەن؟
- ياڭاق يەيمەن.
- ياڭاق - ياڭاق،
- مېغىزى قايماق.

سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.



سول قولدا تاماق يېسە يامان بولىدۇ.



تىل راۋان
Til Rawan

# ش



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

شار = شـ + ا + ر

قىش = قـ + ـىـ + ش

ناخشا = نـ + ا + خـ + ـشـ + ا

بەشتاش = بـ + ە + شـ + ـتـ + ا + ش

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

شوتا = شو + تا

ئىشچى = ئىش + چى

چىنقىش = چىـ + ـنـ + ـقىش

بەشتاش = بەش + تاش

## سۆز تۈزەلەيمەن

چە / يا — ش

تا / با — ش

شا — خ / ر

شا — ش / م

تىل راۋان
Til Rawan

قىشتا كىشمىش يېشماسمىش، يېشسىمۇ يىگىلى بولماسمىش.



دۈشەنبە كەلدى دۈملاپ،
سەيشەنبە كەلدى سايراپ،
چارشەنبە كەلدى چارلاپ،
پەيشەنبە كەلدى پايلاپ.

جۈمە ئۇلۇغ،
شەنبە كەركەش،
يەكشەنبە ئوينايدىغان.



بىلىم ئۆگەنسە كىشى، كۆككە يېتەر بېشى.



باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش يامان ئىلەت بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ۋ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ۋەدە = ۋ + ە + د + ە

ۋاراق = ۋ + ا + ر + ا + ق

تۋت = تـ+ـہـ+ۋ+د+ـت

مېۋە = مـ + ـېـ + ۋ + ە

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ۋاپا = ۋا + پا

ئەسۋاپ = ئەس + ۋاپ

ۋەتەن = ۋە + تەن

تېۋىپ = تې + ۋىپ

## سۆز تۈزەلەيمەن

تا — ۋار    ۋا — قىت    ئوۋ — چى

ۋە — زىر    سى — ۋەت    ئەۋ — لاد



تىل راۋان
Til Rawan

كۆز ئېچىپ كۆرەلمەيسەن،
قول سۇنۇپ تۇتالمايسەن.
سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ،
بەش مىنۇت ياشالمايسەن.

( ھاۋا )

قوشاق

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
مېنىڭ ئاداشلىرىمنى،
ناغرىچى قىلغان بوۋا.

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
ماڭا ناغرىنى بېرىپ،
ئۆزى قاراپ تۇرغان بوۋا.

ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى.



ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan